1978
ژىل
ئىيۇل
№13 (39)
باھاسى
2 تىيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى — تەرەققىيلىككە يول ئاچقان سوۋېت ئېلى!

بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش سوۋېت «ۋەتەن» جەمىيىتى قازاق شۆبىسىنىڭ گېزىتى.

جانجان دىياردا

دەسلەپكى شاگىرتلار. بۇ ژىل قازاقستان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى مىڭلىغان ياشلار تاماملاپ چىقىپ، مۇستەقىل ھايات يولىغا ئاتلاندى. جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەڭ ياش ئالىي ئوقۇش ئورنىنىڭ بىرى — ئالمۇتا تۆمۈر يول ئىنژېنېرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىنستىتۇتى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇنجا شاگىرتلىرى قازاقستاننىڭ ۋىراقتىكى تۆمۈر يول ستانسىيەلىرىدە ئىشلەشكە يوللانما ئالدى.

سۈرەتتە: ئالمۇتا شەھىرىدىكى «تۇسكىيىز» فابرىكىسىنىڭ نەقىشچىسى مارجان تۇتارباييېۋا.

ئېلېكتر قۇۋۋىتى بىلەن. قاراغاندا ئوبلۇسىنىڭ ئېكىلىكلىرىدە بىينى ئېلېكتر قۇۋۋىتىنىڭ ياردىمى بىلەن سېغىش ئۇسۇلى جارىي قىلىنماقتا. نەتىجىدە ئاماكىلدى ئامىدىكى سوۋخوزدا بىيلەردىن مول سۈت سېغىلىدىغان بولدى.

بۇ يەردە ھەر بىر بىيگە مەخسۇس جاي بولىدىكەن. ئۇنىڭدا ژۇگەن، نوختا سېلىنمىغان تۇسۇن بىيلەرنى بىمالال سېغىشقا بولىدۇ. مانا شۇنداق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئاقىۋىتىدە بىر ئادەم كۈنىگە قىرىق بىيە سېغىپ ئۈلگىرىدۇ.

داۋالاش ئورنى. ئاقتوبە ئوبلۇسىنىڭ جايساڭ دېگەن يېزىسىدا پاتقاق بىلەن ئەملەش ئۈچۈن يېڭى شىپاخانا ئېچىلدى. بۇ يەردىن تېپىلغان پاتقاق ئۆزىنىڭ شىپالىق خىسلەتلىرى بىلەن داڭلىق كۈرورتلاردىكى پاتقاقتىن زادىلا قېلىشمايدۇ. ئوبلۇستا ھازىر شۇنداق ئۈچ شىپاخانا خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇلۇغ شائىرغا خاتىرە — ھەيكەل. ئالمۇتا ئوبلۇسى جامبۇل رايونىنىڭ مەركىزى ئۇزۇناغاچتا ئۇلۇغ شائىر جامبۇل جاباييېۋقا خاتىرە — ھەيكەل قويۇلدى. ئۇنىڭغا يېزا ئاھالىسىدىن كولخوزچىلار، ئوقۇغۇچىلار ھال — قىزىل گۈلچەمبەرلەر قويۇپ، ئۇلۇق شائىرغا بولغان سەممىي مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى.

103 ياشتىكى موماي. قىزىلجار شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، ئوسۇپ، ئالاي تارىخىي ۋاقىئەلەرنىڭ شاھىدى بولغان پېشقەدەم، مۇبارەك ئانا لەيلىجامال قوراباييېۋا ھازىر 103 ياشقا تولدى. ئۇ بۈگۈنمۇ تىمەن: كۆزى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆزى مېھماندارچىلىققا بارىدۇ. ئۇنىڭ چەۋرە، ئەۋرىلىرىنىڭ سانى قىرىققا يېقىن. بۇ چوڭ ئائىلە ئەزالىرى ھازىر جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ھەر خىل جايلىرىدا ئەمگەك قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ئالدى پېنسىيەدە.

سىيېزد ۋەكىللىرى. يېقىندا موسكۋادا بولۇپ ئۆتكەن پۈتكۈل ئىتتىپاق مۇئەللىملەر سىيېزىدە ئالمۇتا ئوبلۇسى ئۇيغۇر رايونىدىن، كەتمەن ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ مۇئەللىمى رېھانقىز توختاخۇنوۋا ۋەكىل سۈپىتىدە ئىشتىراك قىلدى. ئۇ، 1958 — ژىلى تاشكەنت دارىلفۇنۇنى ئۇيغۇر بۆلۈمىنى تاماملاپ، تا شۇ كەمگىچە ئۆز ھاياتىنى مائارىپ پائالىيىتىگە بېغىشلاپ كەلمەكتە. ر. توختاخۇنوۋا ئۆزىنىڭ مېۋىلىك ئەمگىكى ئۈچۈن مائارىپ ئەلاچىسى ۋە قازاقستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن مۇئەللىم ئۇنۋانلىرىغا، «ھۆرمەت بەلگۈسى» ئوردېنىغا سازاۋەر بولدى.

پانفىلوۋ (ياركەنت) شەھىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېشقەدەم مۇئەللىمى ھۆرمەم ئەزىزوۋانىڭ ئىشى پۈتكۈل ئالدىنقى ئوبلۇسقا مەلۇم. ئۇ ئۆز كەسپىنىڭ ھەقىقىي ماھىرى. ئۇنىڭ ئوقۇغان شاگىرتلىرى ئىنژېنېر، دوختۇر، مۇئەللىم بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. قازاقستان مائارىپ ئەلاچىسى ھۆرمەم ئەزىزوۋامۇ پانفىلوۋ رايونى مۇئەللىملىرىگە ۋاكالىتەن مەزكۇر سىيېزد ئىشىغا قاتناشتى.

يېڭى سەھنە كىتاۋى. جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تېئاترىنىڭ ئىجادىي كوللېكتىۋى يېڭى سەھنە كىتاۋىنى — ئۆزبەك دراماتۇرگى سايىت ئەخمەتنىڭ «كېلىنلەر قوزغىلىڭى» ناملىق پيېسىسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن سپېكتاكلىنى كۆرسەتتى. ئاساسىي رول — ئانا رولىنى قازاقستان خەلق ئارتىستى روشەنگۈل ئىلاخۇنوۋا ئېلىپ چىقتى. ئەسەر ئۇيغۇر تىلىغا ياش شائىر ھېسامدۇن ئىسلاموۋ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان.

تاماشىبىنلار قىزغىن قارشى ئالغان يېڭى سەھنە ئەسىرىدە ئارتىستلاردىن خاسىيەت زەيناۋدىنوۋا، ئالىمجان ئەيسايېۋ، ماھىنۇر رەھمانوۋالارمۇ ئۆز ماھارىتىنى نامايىش قىلدى.

دوستلۇق ۋە ئىناق خوشىندارچىلىق مەنپىيەتلىرى ئۈچۈن

تۈركىيەنىڭ باش مىنىستىرى ب. ئېدژېۋىت س س س ر ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن ئىيۇننىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا رەسمىي سەپەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇ سەپىرى، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن بولغان مۇزاكىرىسى ئىككى ئەل ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ئىشەنچ، دوستلۇق ۋە ئىناق خوشىندارچىلىقنىڭ يەنىمۇ رىۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

سوۋېت ۋە تۈركىيە خەلقلىرى ئارىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھۇلىنى قۇرغان، ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى داھىلىرى ۋ. ئى. لېنىن ۋە كامال ئاتا تۈرك ئېدى. گراژدانلار ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىنتايىن ئېغىر ئىختىسادىي شارائىتكە ۋە ۋەيرانچىلىققا قارىماستىن ياش سوۋېت جۇمھۇرىيىتى 20 — ژىللار بېشىدا تۈركىيە خەلقىنىڭ مىللىي — ئازاتلىق كۈرىشىنى قوللاپ — قۇۋۋەتلىگەن ئېدى.

س س س ر بىلەن تۈركىيە ئارىسىدىكى ئالاقە كېيىنكى ژىللاردا، ب. ئېدژېۋىتنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ناھايىتى تېز جانلىنىش دەۋرىگە قەدەم قويىدى؛ سودا — تىجارەت، ئىختىساد ساھاسىدىكى ھەمكارلىق تېز سۈرئەتتە تەرەققىي ئەتتى. ئەينە شۇنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە سېيدىشېھر ئالىيۇمىنىي كومپلېكسىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئۇ، پۈتۈن يېقىن شەرىقتىكى ئەڭ زىرىك سانائەت كارخانىسىدۇر. ئىسكەندەرۇن مېتاللۇرگىيە كومبىناتىنىڭ بىرىنچى قىسمى ئىشقا چۈشۈرۈلىشى نەتىجىسىدە تۈركىيەدىكى بۇ خىل سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئۇمۇمىي قۇۋۋىتى 60 پروتسېنت ئۆستى.

سەپەر داۋامىدا س س س ر مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى ئا. ن. كوسىگىن ۋە تۈركىيە باش مىنىستىرى ب. ئېدژېۋىت، سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئارىسىدىكى خوشىندارچىلىق، دوستانە ھەمكارلىق پرىنسىپلىرى توغرىلىق سەياسىي ھۆججەتنى ئىمزالىدى. بۇ ھۆججەت ئىككى تەرەپلىمە ھەمكارلىقنى، جۈملىدىن خەلق ئارا مەيداندىكى ھەمكارلىقنى رىۋاجلاندۇرۇپ، چوڭقۇرلىتىشتا يېڭى مۇمكىنچىلىكلەر يارىتىپ بېرىدۇ.

ئىككى تەرەپ ئۈچ ژىللىق سودا كېلىشىمىنى يېقىن ئارىدا ئىمزالاش خۇسۇسىدا كېلىشتى. ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى سودا — تىجارەت ئوبوروتىنى مەزكۇر ئۈچ ژىل ئىچىدە 2 — 2،5 ھەسسە كېڭەيتىش كۆزدە تۇتۇلماقتا.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى تەرەپ مەدەنىي، ئىلىم ۋە سپورت ساھاسىدا سوۋېت — تۈركىيە ھەمكارلىقىدىن قەتئىيەت ھاسىل قىلىدىغىنىنى بىلدۈرۈپ، بۇ خۇسۇستا مۇناسىۋەتنى جانلاندۇرۇشقا ئىنتىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. سەپەر داۋامىدا ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مەدەنىي ۋە ئىلمىي ساھالاردىكى ھەمكارلىقنىڭ 1978 — 1980 — ژىللارغا بېغىشلانغان پروگراممىسى ئىمزالاندى.

خۇلاسەن ئېيتقاندا مۇزاكىرە نەتىجىلىرى، مۇۋاپىقىيەتلىك بولدى. بۇ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق خوشىندارچىلىق، دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىش ئىشىغا قوشۇلغان چوڭ ئۈلۈشتۇر.

ئىران يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى سوۋېت خەلقلىرى تىللىرىدا

سوۋېت ھاكىمىيىتى دەۋرىدە بىزنىڭ ئېلىمىزدا پارسى — تاجىك ۋە ئىران يازغۇچىلىرىنىڭ 327 كىتابى س س س ر ۋە چەت ئەل خەلقلىرى تىللىرىدا نەشر قىلىنغان. ئۇلار ئۇمۇمەن 9 مىللىون 171 مىڭ نۇسخە بولۇپ بېسىلىپ چىقتى.

بولۇپمۇ ئۆمەر ھەييام، جالالىدىن رومىي، سەئدىي، ھافىز قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىنتايىن كۆپ نەشر قىلىندى. مەسىلەن، ئۆمەر ھەييام شېئىرلىرى 16 خەلق تىلىدا، جۈملىدىن ئۆزبەك، قازاق، تىللىرىدا جەمى بىر يېرىم مىللىون دانا بولۇپ 48 نۆۋەت نەشر قىلىنغان.

بىزنىڭ نەشرىياتلىرىمىز سوۋېت كىتاپخانلىرىنى زامانىۋىي ئىران ئەدىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇشقا زىيادە ئېتىۋار بەرمەكتە. پەقەت كېيىنكى بىر نەچچە ژىل ئىچىدە سادىق ۋوباكنىڭ تاللانما ئەسەرلىرى ھېكايىلىرى بىلەن پوۋېستلىرى، س. داشۋارنىڭ «تىرىكچىلىك ئۈچۈن جان پىدا» رومانى ۋە باشقا كۆپلىگەن كىتاپلار نەشر قىلىندى.

سۈرەتتە: شەمەي شەھىرىدىكى كىتاپخانا كورۇنۇشى.

قەلبى دەريا ئىنسانلار

بۇنىڭدىن ئۈچ ژىل ئىلگىرى ئۆزەمگە سوغ تەككۈزۈۋېلىپ، كېسەلخانىدا يېتىپ قالدىم. ئارىدا بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، مەن تۈزۈلۈپ، ئەتە-ئۆگۈن چىقىمەن، دەپ تۇرغىنىمدا تېلېكتېس ئىسىملىق بىر قىز كېسەلخانىغا چۈشۈپ قالسا بولىدۇ. قان قۇسۇپ ياتىدۇ. يېزىدىن تېز ياردەم كورسىتىش سامولېتىدا كېسەلخانىغا يەتكۈزۈلگەن تېلېكتېسنى پالاتىغا زەمبىلدە ئېلىپ كىردى. ياش قىزنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتى بىزنى ئېچىندۇردى.

ئۇ ياتقان پالاتاغا كىرىپ چىققان دوختۇرلاردىن «ئەھۋالى قانداق؟» دېگەندەك ئىما قىلىمىز. ئۇلارمۇ ئېچىنىشلىق ھالدا باشلىرىنى چايقاپ قويىدۇ. بىز قايغۇغا چۈشۈپ كېتىمىز. شۇ تۈنى دوختۇرلار تاڭنى كىرپىك قاقماي ئۆتكەزدى.

مەن كېسەلخانىدىن غەمكىن ھالدا چىقىپ ئۆيگە قايتتىم.

...ئەينە شۇ تېلېكتېس، مانا، ئالمۇتىدا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت ھەۋەسكارلىرى كۆرىكىگە قاتنىشىپ، بۈگۈن تىياتىر سەھنىسىدە ناخشا ئېيتىپ تۇرىدۇ. مەن بولسام، شۇ بىر ئېغىر پەيتنى ئەسلەپ، ئولگىنىم تىرىلگەندەك خۇرسەند بولدۇم. كونسېرتتىن كېيىن ئايالىم ئىككىمىز تېلېكتېسنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدۇق. داستىخان ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتاردۇق. ئۆتكەنكى قايغۇلۇق ئەھۋالنى ئەسلەشكە پېتىنالماي تۇرغىنىمنى سەزدى، ئېھتىمال، گەپنى ئۆزى باشلىدى.

—ئېيتىۋېرىڭ، ئاكا، ۋاپات بولغان ئىدىمغۇ، دېمەكچىسىزغۇ؟!. دەرۋاقە، ئۆكەمدە مەن، ھەقىقەتەنمۇ، تىرىك ئەمەس ئىدىم. ئەشۇ كۈنى ھەممىڭلار مېنىڭ ۋايىمىمنى يەپ، ياخشى نىيەت، ياخشى تىلەكتە بولۇپسىلەر. مېنىڭ جېنىمغا ئارا بولغان مارتا ھەدىنى بىلەمسىز؟ مارتا ئېدۇئاردوۋنانى دېمەكچىمەن، دوختۇرنى؟!

ئۇ دوختۇر نېمىس ئايالى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ 1941-ژىلدىن ئېتىۋارەن دوختۇر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلار سالامەتلىكىنى ساقلاپ قېلىشتىكى پىداكارانە ئەمگىكى تۈپەيلى لېنىن ئوردېنىغا سازاۋەر بولغىنىنى ئېيتقىنىمدا، تېلېكتېس قىن-قىنىغا سىغماي خوشال بولدى. بىز شۇ كۈنى مارتانىڭ تېلېكتېسنى ئولۇم گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئالغانلىقى ھەققىدە ئۇزۇن گەپلەشتۇق. تېلېكتېس گەپنى ئۇزاقتىن باشلىدى:

—مەن شەرقىي تۈركىستانىڭ تولى رايونىدا 1941-ژىلى تۇغۇلغان ئىكەنمەن. دادام مىڭباي، سەلىمجان دېگەن باينىڭ قويىنى باقىدىكەن. سىز، ئەلۋەتتە، ئۇ تەرەپتىكى كەمبەغەللەرنىڭ ئېچىنارلىق ئېغىر ئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولمىسىڭىز كېرەك،— دەپ ئولۇق-كىچىك تىنىغان تېلېكتېس سوزىنى داۋاملاشتۇردى،— بالا كۈنىمدە نامراتچىلىقتىن ئىسسىق كىيىمگە زار بولۇپ، يالاڭئاياغ ژۈرەتتۇق. شۇڭلاشقا ئۆپكەمگە سوغ تەككەن ئىكەن. 1962-ژىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېلىشىم بىلەن كېسەلخانىدا داۋالىنىپ، تۈزۈلۈپ كەتتىم. ئاز-تولا ناخشا ئېيتىپ، دومبىرا چالىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. مېنى ئالمۇتىغا، سەنئەتچىلەر مەكتىۋىگە ئەۋەتتى. ئوقۇشنى پۈتىرىپ، سوۋخوز كلۇبىغا مۇدىرە بولدۇم. بىر كۈنى ياشلار بىلەن ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرغىنىمدا، كۈچەنگەن بولسام كېرەك، ئۆپكەمنىڭ قېتىپ ساقايغان جارائىتى ئېچىلىپ، ئاغزىمدىن قان كەتتى. مانا شۇندا يەنە كېسەلخانىغا چۈشۈپ قالدىم. قان كوپ كەتكەن ئۈچۈنمۇ ھوشۇمدىن كېتىپ قاپتىمەن. بىر ھازادا كوز ئاچقىدەك بولسام، ئاق خالاتلىق، يېشى توختىغان ئايال ئايغىمغا ئۇكول سېلىۋېتىپتۇ. يېنىمدىكى دوختۇرنىڭ مېھرىۋان كوزلىرى ۋۇجۇدۇمغا ئىسسىق ھايات نەشئەسىنى قۇيغاندەك بولدى.

—قىزىم، ھەممىسى جايىدا بولىدۇ،— دەپ ئىللىق تەبەسسۇم ئەيلىدى. بۇ كىشى مارتا ئېدۇئاردوۋنا ئىدى. كېيىن ئاڭلىشىمچە، شۇ تۈنى مارتا ھەدە ماڭا ئۆز قېنىنى قۇيۇپ، ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغان ئىكەن. ئەينە شۇنىڭ قولىدا ئالتە ئاي داۋالىنىپ، ئاغرىقتىن سەللىمۇ ئەزا تۈزۈلۈپ كەتتىم.

ئۆز قېنىنى ئۆزگىلەرگە قۇيۇش، بۇ پەقەتلا شەپقەت-شاپائەتلىك ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئالىيجاناپ ئىش. سوۋېت ئېلىدە دوختۇرلارنى «ئاق خالاتلىق قەلبى دەريا ئىنسانلار» دېيىشىدۇ. بۇ مارتا كەبى مېھرىۋان ئادەملەر ھەققىدىكى ئىبارىدۇر.

سەنئەت بەيرىمى

بۇ ژىل ئىيۇن ئاي چىقىپ كەتكىچە، موسكۋا سەنئەت شەيدالىرىنىڭ دىققىتىنى قازاق ئارتىستلىرىنىڭ ئىجادى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى. ۋەتىنىمىز پايتەختىدە ئاباي نامىدىكى قازاق دولەت ئاكادېمىيەلىك ئوپېرا ۋە باليېت تىياتىرىنىڭ گاستروللىرى بولۇپ ئوتتى. س س س ر ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق، ئالەمگە تونۇلغان چوڭ تىياتىرىنىڭ سەھنىسىدىن ئە. ژۇبانوۋ ۋە ل. خەمىدىنىڭ «ئاباي»، م. تولېبايېۋنىڭ «بىر ژان ۋە سارا» ئوپېرالىرىدىن ئارىيالار ياڭرىدى. مەلۇمكى، مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ دۇردانىلىرى بولۇپ قالغان مەزكۇر ئەسەرلەردە ئوپېرا سەنئىتى ۋاستىلىرى ياردىمىدە قازاق دالاسىدا ئوتمۇشتە يۈز بەرگەن پاجەلىك ۋاقىئەلەر گەۋدىلەندۈرۈلگەندۇر.

بۇ ئىككى سپېكتاكل، شۇنداقلا «ئېڭلىك — كېبېك»، «ئالپامىس» ئوپېرىلىرى ۋە «ئالىيە» ناملىق يېڭى قازاق باليېتى ھەققىدە موسكۋادا چىقىدىغان مەركىزىي گېزىتلىرىمىزدە ئۇرغۇنلىغان ماقالىلار چىقتى. ئۇلارنىڭ مۇئەللىپلىرى — تونۇلغان مۇزىكاشۇناسلار ۋە مۇزىكا تەنقىدچىلىرى، جاھان ئوپېرا سەنئىتىنىڭ مەركىزى موسكۋاغا بـ ئېلىپ كەلگەن سپېكتاكللارغا يەكدىللىك بىلەن يۈكسەك باھا بېرىشتى. مەسىلەن، «سوۋېتسكايا كۇلتۇرا» گېزىتى كومپوزىتور غەزىزە ژۇبانوۋا ئەسەرى «ئېڭلىك — كېبېك» ئوپېرىسى ھەققىدە مونۇلارنى يازدى: «ئايال كىشى تەرىپىدىن ئوپېرا ئىجات قىلىنىشى — كام ئۇچرايدىغان ھادىسە. شۇنىڭغا قارىماستىن ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، تالانتلىق كومپوزىتور، مەلۇم شېئىرىي خەلق رىۋايىتىگە ئاينىقسە باشقىچە ياندىشقان... ژۇبانوۋا مەزمۇنى باي، ئېموتسىونال تەسىرى كۈچلۈك ئەسەر ئىجات قىلغان».

ياش كومپوزىتور مەنسۇر ساغاتوۋ تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان «ئالىيە» باليېتى موسكۋالىقلاردا، شۇنداقلا پايتەخت مېھمانلىرىدا چوڭ تەسىرات قالدۇردى. ئۇ، ۋەتەن ئۈچۈن جەڭلەردە ھالاك بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى، جاسارىتى بىلەن

سۈرەتتە: س س س ر خەلق ئارتىستى بىبىگۈل تولېگېنوۋا.

سۈرەتتە: س س س ر خەلق ئارتىستى يېرمېك سېركېبايېۋ.

سۈرەتتە: تىياتىر دىرېكتورى تۇركىستان ئوزبېكوۋ.

مەدەنىيەتلىك شاھىدى

ئۇيغۇر رايونلۇق ئالاقە بولۇمىنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك يېڭى بىناسىدا ئاۋتوماتىكا ۋاستىلىرىنىڭ ئىش جەريانلىرىدا كەڭ جارىي قىلىنىۋاتقانلىقىنى كورۇپ، ژىگىرمە بەش ژىل ئىلگىرى چونجا يېزىسىدا تۇرۇپ، چوڭ ئاقسۇ يېزىسى بىلەن تېلېفوندا ئۈچ مىنۇتلا سوزلىشىش ئۈچۈن بىر سائات ۋاقتىم كەتكەنلىكىنى ئەسلىدىم. ۋاھالەنكى ئارىلىقى ئوتتۇز كىلومېترچە كېلىدىغان مەزكۇر ئىككى يېزا ئوتتۇرىسىدا تېلېفون ئالاقىسى ئىشلىرى شۇنچىلىك مۇرەككەپ ئىدى. چۈنكى پۈتكۈل رايون يېزىلىرى پەقەت بىرلا لىنىيە بىلەن ئۇلانغان بولۇپ، كىشىلەر تېلېفون جىرىڭلىتىشتىن كورە ئات چاپتۇرۇپ بېرىشنى ئاسان كورەتتى. مەن شۇ ۋاقىئەنى ئېيتقىنىمدا ئالاقە بولۇمىنىڭ خادىملىرى كۈلۈشتى.

—مەرھەمەت،— دېدى ئۇلاردىن بىرسى،— مەشەدىن ھازىرلا سىزگە تېلېفون ئارقىلىق دەرھال ئالمۇتىنى، خالىسىڭىز، موسكۋانى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن. ھېچ ئەجەبلەنمەڭ.

سوھبەت داۋامىدا ئۇيغۇر رايونىدا ئالاقە خىزمىتى ساھاسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىشلاردىن ئوبدان ۋاقىپ بولدۇم. ئالاقىچىلار يېڭىلىقلار شاھىدى سۈپىتىدە ماڭا بىر كىتابچە ھەدىيە قىلدى. ئۇنىڭ مۇقاۋىسىغا «قازاقستان ئالاقە مىنىسترلىگى. ئۇيغۇر رايونى بويىچە تېلېفون مەلۇماتلىرى» دېگەن سوزلەر يېزىلغان ئىكەن. مەن ئۇنى ئالدىرىماي ۋاراقلاپ چىقتىم. شۇ ئەسنادا كوزۇم «چوڭ ئاقسۇ يېزىسى»، دېگەن باپقا چۈشتى. باقسام، ھېلىقى قېتىمدا مەن ئاران دېگەندە تېلېفوندا سوزلىشىپ ئالغان يېزىدا 150 تېلېفون ئاپپاراتى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن ئوتتۇز بەشى كولخوز ئىدارىسى، بىرگادىلار، يېزا سوۋېتى، مەكتەپ، گاراژ، ماگازىن، كېسەلخانا قاتارلىق جايلاردا بولسا، قالغانلىرى كولخوزچىلارنىڭ ئويلىرىدە ئىكەن.

ھەقىقەتەن خۇش بولارلىق ئىش. گەرچە ئىلگىرى پۈتكۈل يېزىدا بىرلا ئاپپارات بار بولۇپ، ئۇ، كولخوز رەئىسى كابىنېتىدا تۇراتتى. ھازىر مانا بىرنىڭ ئورنىغا يۈز ئەللىك! ئاق موشۇنداق ئەھۋالنى مەن چارىن، كەتمەن، تۇگمەن، غالجات يېزىلىرىنىڭ ھەر قايسىسىدا كوردۇم.

ئەندى تېلېفونلارنىڭ بىر-بىرسى بىلەن ئۇلىنىش جەريانىغا كەلسەك، ھەممە ئىش ئاۋتوماتىكا ياردىمىدە، ئىلگەرىكىدەك تېلېفونىست قىزلارغا تەكرار-تەكرار ئىلتىماس قىلىپ تۇرمايسىز. ئاندىن ئاۋالقىدەك يېزىلار ئارىسىدا بىرلا لىنىيە ئەمەس، بەلكى بىر قانچە لىنىيە موجۇت.

ئۇمۇمەن تېلېفون ئالاقىسى جەھەتتىن ئۇيغۇر رايونى تولۇق ئاۋتوماتلاشتۇرۇلغان.

يەرلىك ئالاقىچىلار ئوز خىزمىتىنىڭ يۈكسىلىشىنى رايون مەدەنىيىتىنىڭ ئوسۇشى شاھىدى، دەپ بىلىدۇ.

ھازىر رايونلۇق ئالاقە بولۇمىنىڭ 200گە يېقىن خادىملىرى تېلېفون، رادىئو، پوچتا خىزمىتىنىڭ مىنۇت توختىماي ئېلىپ بېرىلىشىنى تەمىن قىلماقتا. ھەر كۈنى ئون توققۇز يېزىدىكى ئالاقە بولۇملىرىگە ئاۋتوماشىنىلاردا يېڭى گېزىت-ژۇرنال، خەت-چەك يەتكۈزۈلىدۇ. ئېتىچىدە ئاھالە جاھان يېڭىلىقلىرىدىن ئوز ۋاقتىدا ۋاقىپ بولۇپ تۇرىدۇ. ھەر بىر ئويدىكى رادىئو، تېلېۋىزور ئارقىلىق ئەڭ يېڭى خەۋەرلەر ئەڭ ژىراق ئۇيغۇر يېزىلىرىغا دەرھال يېتىپ بارىدۇ.

رايوندا ئالاقە تارماقلىرى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە. يېقىندىلا چونجا يېزىسىدا 700 نومېرنى بىر-بىرسى بىلەن ئۇلايدىغان يېڭى ئاۋتوماتىك تېلېفون ستانسىيەسى ئىشقا چۈشۈرۈلدى. ئارىدا كوپ ئوتمەي ھەممە يېزىلاردا بارلىق كولخوزچىلارنىڭ ئويلىرىدە تېلېفون بولغۇسى.

س. ھاسانوۋ.

ئۇيغۇر رايونى، ئالمۇتا ئوبلۇسى.

ئۇچمەس خاتىرە قالدۇرغان قازاق قىزى ئالىيە مولداغۇلوۋاغا بېغىشلىنىدۇ.

ئاندىن كومپوزىتور ئېركېغالىي راخمادىيېۋنىڭ «ئالپامىس» ناملىق يېڭى ئوپېراسىمۇ تاماشىبىنلار تەرىپىدىن يۇكسەك باھا ئالدى.

مەلۇمكى، موسكۋالىقلار تەلەپچان، ئوپېرا سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىجادىغا خالىس باھا بېرەلەيدىغان دىتلىق تاماشىبىنلار بولۇپ، ئۇلار جاھاندىكى ئۇلۇق ئوپېرا ئارتىستلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولغان. ئۇنىڭدىن قەتئىي نەزەر، بۇ قېتىم ئۇلار س س س ر خەلق ئارتىستلىرى: بىبىگۇل تولېگېنوۋا، روزا جامانوۋا، يېرمەك سېركېبايېۋ، رىشات ئابدۇللىن قاتارلىق قازاق ئوپېرا سەنئىتى ماھىرلىرىدىن ئىنتايىن بەھىرىمەن بولدى. ئۇلۇق شائىر ۋە خەلق ھامىيچىسى ئاباي قىياپىي ئوبرازىنى ر. ئابدۇللىنىڭ تەلقىن قىلىپ بېرىشى ھەممىنى قايىل قالدۇردى.

داڭلىق قازاق ئارتىستلىرى بىلەن بىر قاتاردا موسكۋادا ئوتكەن گاسترولارغا ياش ئىجادىي كۈچلىرىمىزمۇ كەڭ قاتناشتۇرۇلدى. چۈنكى بۇ تەبىدۇر. ھازىر بىزنىڭ كوللېكتىۋنىڭ ئاساسىنى قۇرمانغازى نامىدىكى ئالمۇتا كونسېرۋاتورىيەسىنى تاماملىغان ياشلار تەشكىل قىلماقتا. ئۇلارنىڭ يېقىملىق ۋە جوشقۇن ئاۋازلىرى ھەممىنى بىردىنلا مەپتۇن قىلدى. ياش ئارتىستلاردىن راخىمە جۇباتۇروۋا، پۇتكۇل ئىتتىپاق ۋە خەلقئارا كونكۇرسلارنىڭ لائۇرېاتلىرى ئەلىبېك دىنىشېۋ، خافىز ئېسموۋلارنى تاماشىبىنلار داۋاملىق ئالقىشلار بىلەن كۇتۇپ ئېلىشتى.

موسكۋادا كورسىتىلگەن ئوپېرا ۋە بالېت سپېكتاكلىرىنىڭ چوڭ مۇۋاپەققىيەتلەر قازىنىشىغا مەلۇم دىرىژيورىمىز، قازاقستاندا خىزمەت كورسەتكەن سەنئەت ئەرباپى تۇرغۇن ئوسمانوۋ، تېياترىمىز رەسسامى گۇلفەيرۇز ئىسمايىلوۋالار تەرىپىدىن قوشۇلغان ھەسسە زور بولدى.

مەزكۇر گاسترولار تېياترىمىز ئىجادىي ھاياتىدىكى شاتلىق ۋاقە، سەنئىتىمىز بەيرىمى ۋە بىز ئۇچۇن ئىمتىھان بولۇپ، قازاق ئوپېرا سەنئەتچىلىرى يۇكسەك ماھارەت نامايىش قىلىپ، مەسئۇل ۋەزىپىلىرىنىڭ ھوددىسىدىن دېگەندەك چىقتى.

بۇ خۇسۇستا «پراۋدا» گېزىتى توۋەندىكىلەرنى يازدى: «تالانتلىق قازاق ئارتىستلىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان سەھنە ئوبرازلىرى قەلبىمىزدە داۋاملىق ساقلانغۇسى».

شۇ بىر نەرسىنى خوشاللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، موسكۋالىقلار بىزنى ناھايىتى سەممىي كۇتۇپ ئېلىشتى. چوڭ تېياتر تاماشىبىنلاردىن زادىلا خالىي بولمىدى.

تۇركىستان ئوزبېكوۋ،

ئاباي نامىدىكى قازاق دولەت ئاكادېمىيەلىك ئوپېرا ۋە بالېت تېياترىنىڭ دىرېكتورى.



سۇرەتتە: يەتتىسۇ يايلاقلىرىدىن بىر مەنزىرە.

باغ-باراگلىق، مال-ۋارانلىق يەتتىسۇ

بىز بۇگۇن قۇياشلىق، تاغلىرى ئاسمانغا تاقاشقان يەر جەننىتى يەتتىسۇ ھەققىدە ھېكايە قىلماقچىمىز. رىۋايەتتىكى ئاسان قايغۇ دېگەن بوۋاي، يەتتىسۇغا كەلگەندە: «تاياق تاشلىساڭ، تال بولۇپ ئوسىدىغان، چارۋىسى سېمىز، ئەتراپى دېڭىز» — دېگەن ئېكەن. ھەقىقەتەنمۇ، يەتتىسۇ يەر-سۇغا باي ئولكىدۇر.

جوڭغار ئالاتېغى بىلەن تيانشاننىڭ ئاق قارلىق چوققىلىرىدىن پەيدا بولغان چوڭ-چوڭ يەتتە دەريانىڭ ئالتىسى خۇددى بەيگە ئاتلىرىدەك بەس-بەستە ئېقىپ بالقاش كولىگە قۇيىلىدۇ. مانا شۇڭلاشقا يەتتە دەريا ساھىللىرىغا جايلاشقان بۇ ئولكىنى كونىلار ئوز مەزگىلىدە «يەتتە ئارال»، دەپمۇ ژۇرگەزگەن كورۇندۇ. تەغدىرنىڭ تەقازاسى بىلەن چەت ئەلگە كەتكەن بىر ۋەتەندىشىمىز:

يەتتە ئارال، ئېي ژۇتۇم،
مەن سېنى خوپ سېغىندىم.

دەپ، سېغىنىش-سويۇنۇشىنى ناخشىغا قوشۇپ ئەسلىگىنىمۇ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك.

خەلقىمىز بايلىق كانى يەتتىسۇنى تالاي دۇشمەنلەردىن ھىمايە قىلىپ، ئۇلارنى بىلەك كۇچى، نەيزە ئۇچى بىلەن يېقىن يولاتمىغان. مانا، بىزنىڭ زامانىمىزدا بۇ قۇياشلىق دىيارنى كوپلىگەن مىللەت ۋەكىللىرى ماكانلاپ، پاراۋەن تۇرمۇش كەچۇرمەكتە.

يەتتىسۇ زېمىنىنى، ئۇنىڭ بايلىقىنى، تەبىئىتىنى مەدھىيلىمىگەن ئۇيغۇر، قازاق شائىرى بولمىسا كېرەك. شۇلار جۇملىسىدىن يەتتىسۇلۇق داڭلىق شائىر ئىلياس جانسۇگۇروۋ شېئىرىنىڭ مونۇ مىسرالىرىنى ئىختىيارسىز ئەسلەيسىز.

بالقاشتا يېشىل قومۇش يەلپۇنىدۇ.
ئىسسىق كول ئەينەك كەبى پاقىرايدۇ،
مىسالى ئالتە دەريا يەتتىسۇدىن
بالقاشقا قاياشىم دەپ ئىنتىلىدۇ.

مەزكۇر ئالتە دەرياغا قاراتال بىلەن ئاقسۇنى قوشساق، يەتتىسۇ توگەللىنىدۇ. ئاندىن ساي-سالالاردا شاقىراپ ئاققان ھاياتبەخش شوق ئوستەڭلەرنىڭ سانى يوقتۇر. ئەگەر شائىر ئىلياس مۇندىن ئون ژىل ئىلگىرى ئادەم قۇدرىتى بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ توسۇلۇن، ئاقىۋەتتە پەيدا بولغان قاپچىغاي دېڭىزىنى كورسە، نەقەدەر ھاياجان ئىلھامغا چومگەن بولار ئېدى دېسىڭىزچۇ. يەتتىسۇنى قاق يېرىپ ئاقىدىغان ئانا دەريا ئىلى بولسا، سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇچۇن ئىلھام بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

ئوشبۇ ئەنھار دەريالار بىلەن كوللەر ئۇچۇن پۇتمەس مەنبە ۋە كەۋسەر بولۇپ، ئۇلارغا بېرىكەت ۋە قۇدرەت بەخشەندە قىلىپ تۇرغان مەغرۇر ئالاتاغدۇر، ئەلۋەتتە.

ئالاتاغ قوينى ئەزەلدىن پايانسىز يايلاق سۇپىتىدە شوھرەت قازانغان. جامبۇل، ئالمۇتا، تالدىقورغان ئوبلۇسلىرىنىڭ چارۋىچىلىرى يازىچە مەزكۇر يايلاقتىن چۇشمەيدۇ. گەرچە يولىڭىز چۇشۇپ شۇ يايلاقلارغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالسىڭىز، يەتتىسۇ قويچىلىرى قولى كوكسىدە سىزنى قارشى ئالىدۇ.

سىز بۇ جايدا ئاتقا مىنىپ سەيلە قىلىپ، ئاۋۇل ئارىلىسىڭىز، يايلاقتا ھەر كۇنى توي-تاماشە، ئوغلاق، ئات بەيگىسى.

ئالاتاغ ئېتەكلىرىنى ياقىلاپ كېلىۋاتقىنىڭىزدا ئالدىڭىزدىن بىر چوڭ ۋە مەغرۇر بىر شەھەر زاھىر بولىدۇ. ئۇنى ئالمۇتا دەۋرىڭ! ئىلگىرى ھەپتىلەپ، ئايلاپ ماڭسىڭىز، قازاق سەھرالىرىدا شەھەر دېگەننى كورمەتتىڭىز. ھازىر قازاقستاندا سەكسەندىن ئارتۇق شەھەر بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گوزەلى-جۇمھۇرىيىتىمىز پايتەختى ئالمۇتىدۇر. قازاقستاننىڭ دولەت توغى ئالمۇتا ئاسمىنىدا، ھوكۇمەت ئويى ئوستىدە يەلپۇلەيدۇ.

ئالمۇتىنىڭ كوركەم قىياپىتىنى سوز بىلەن تەسۋىرلەپ كورسىتىش تەس. ئۇنىڭ كەڭ، تۇپ-تۇز كوچىلىرىدا، ھەيۋەتلىك، زۇمرەت پاركلىرىدا سەيلە قىلمىغۇنچە، ئالمۇتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. ئەگەر سىز كوك توبە دېگەن تاغ ئوستىگە چىقسىڭىز، ئالمۇتىنىڭ كەچكى مەنزىرىسىگە بېقىپ، شەھەرنىڭ نە قاتارلىق چوڭلىقىنى ھىس قىلالايسىز. چىن تومۇر باتۇر چوچىگىدە، «ئالمۇتىنىڭ ئالمىسى، مەختۇم سولا خالتىسى»، دەپ قەيد قىلىنغىنى ھەممىگە مەلۇم. ئالەمگە مەشھۇر ئالمۇتا ئالمىسى ھەققىدە گەپ قىلماي مۇمكىن بولماس. ئالمۇتا-داڭلىق «ئاپورت» ئالمىنىڭ ۋەتىنىدۇر. بۇ جايغا ئاپرېل ئېيىدا كەلگەن ئادەم، شەھەرگە ئاپپاق قار يېغىپ ئوتكەنمۇ، نېمە، دەپ تەئەججۇپلىنىشى مۇمكىن. بۇ قار ئەمەس، ئالما چېچىگىدۇر. ئەندى كۇز پەسلىدە بولسا، شەھەردە رەڭدار ئالما كوپمۇ، يە ئالما يۇزلۇك قىزلار كوپمۇ، ئىلا-پەرق قىلىش قىيىن.

قابدېش جۇمادىلوۋ.

«ئۇيغۇر خەلق لىرىك شېئىرىيىتى»

تاشكەنتتە، ئوزبەكستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى «فەن» نەشرىياتىدىن «ئۇيغۇر خەلق لىرىك شېئىرىيىتى» ناملىق مونوگرافىيەلىك ئەمگەك ئوزبەك تىلىدا بېسىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ مۇئەللىپى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى ئاسىم باقىيېۋ بولۇپ، كىتاپتا، ئۇيغۇر خەلق شېئىرىيىتىنى ئوگىنىش تارىخى، ئۇنىڭ ژانىرلىرى، بەدىي خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە كەڭ مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ باي خەلق ئىجادىنى ئەتراپلىق ئوگىنىش دەسلەپ سوۋېت مەملىكىتىدە باشلانغانلىقى، شۇنداقلا ئۇيغۇر فولكلورى ئوزىنىڭ قېدىمىيلىكى، جەزبدارلىقى ۋە راۋانلىقى بىلەن دايىم تەتقىقاتچىلارنى جەلىپ قىلىپ كەلگەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ.

مەزكۇر ئەمگەك مۇئەللىپى بۇنىڭدىن ئىلگىرى «سېيىت نوچى»، «ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى»، «سادىر پالۋان خۇشاخمەت ئوغلى» ناملىق توپلاملارنى نەشر قىلغان ئېدى. نەشردىن يېڭى چىققان ئەمگىكىدە ئۇيغۇر خەلق شېئىرىيىتىنىڭ پەقەت ئوزىگىلا خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئېگە ئېكەنلىكىگە چوڭ دىققەت-ئېتىۋار بېرىلىدۇ. مۇئەللىپ قوشاقلارنى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئاممىسىنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ئەينەك، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتقا قەدەر توپلانغان باي فولكلور ماتېرىياللىرىنى تەپسىلىي ئوگىنىش نەتىجىسىدە ئا. باقىيېۋ. ئۇيغۇر خەلق شېئىرىيىتىنىڭ بەدىي ئالاھىدىلىكلىرىنى، ژانىر جەھەتتىن خىلمۇ-خىل، مەزمۇن جەھەتتىن نەقەدەر باي ئېكەنلىكىنى ئاساسلىق كورسەتكەن. بۇ جەھەتتە كونكرېت مىساللاردا ئۇيغۇر قوشاقلىرىدىكى ئەجايىپ ھىس-پىكىرلەرنى، ۋاپادارلىق، ساداقەتلىك موتىۋلىرىنى، ھەقىقىي ئىنسانىي خىسلەتلەرنى روشەن كورەلەيمىز.

زىكرى قىلىنغان پىكرىمىزنى مونۇ مىسرالار ئەستىقلەپ بەرسە كېرەك:

ئىككىمىز ئاشىق بولايلۇق، ئويدىكىلەر بىلمىسۇن،
ئويدىكىلەر بىلسە بىلسۇن، خەلق-ئالەم بىلمىسۇن.
خەلقى-ئالەم بىلسە بىلسۇن، ۋەدە يالغان بولمىسۇن،
ۋەدىسىدە تۇرمىغان ھەرگىز ئىنسان بولمىسۇن.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇن بىلەن سۇغۇرۇلغانلىقى، ئوتمۇش زامانلاردىكى تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك ۋە ھوقۇقسىزلىك ئوخشاش ئوقسانلارنىڭ خەلق ئىجادىيىتىدە نەقەدەر ھەققانىي ھالدا گەۋدىلەنگەنلىكى مەزكۇر مونوگرافىيەدە ئەتراپلىق يورۇتۇلغان. ئاندىن مۇئەللىپ كوپلىگەن مىساللاردا ئۇيغۇر خەلق شېئىرىيىتىنىڭ تىل، تەسۋىر ۋاستىلىرى، تۇزۇلۇشى، غايىۋىي مەزمۇنى ھەققىدە ئاساسلىق دېلىللار كەلتۇرگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەجۋىي يونىلىشىنى، ھەجۋ تىغىنىڭ ئوتكۇرلىگىنى، بەركامالىلىقىنى ئوبدان كورسىتىپ بېرەلىگەن.

ئا. باقىيېۋ، ئوز مونوگرافىيەسىدە قېرىنداش ئۇيغۇر ۋە ئوزبەك خەلقلىرى ئەدەبىي مۇناسىۋەتلىرىگىمۇ توختىلىدۇ. بۇ ئىككى خەلقنىڭ فولكلورىدىكى قېدىمىيلىقنى، ھەر ئىككىلا مىللەتنىڭ بەزى قوشاقلار، ئولەڭلەرنىڭ تېماتىك جەھەتتىن يېقىنلىقىنى، ئۇلارغا مەنسۇپ ئومۇمىيلىقلارنى، مەسىلەن، سوز مۇسابىقىلىرىدىكى ھازىر جاۋاپ-گىنىش ساھاسىدا پايدىلىق بولغان مەزكۇر خىسلەتلەرنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق لىرىك شېئىرىيىتىنى ئوملۇق، ئەقىل-زاكاۋەتتە يېتۇكلۇك ئوخشاش كىتاپىنى ئوزبەك كىتاپخانلىرى سەممىي كۇتۇپ ئالدى.

ئاخۇنجان سابىروۋ،

ئوزبەكستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى، ئا. س. پۇشكىن نامىدىكى تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ چوڭ ئىلمىي خادىمى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى.

مەڭگۈلۈك كۈن

تونۇلغان يازغۇچى، كوزگە كورۇنگەن ئۇزبېكىستان مەشۇر روزىيېۋ (ۋەتەن ئوغلى) بىر قانچە ئەسەرلەرنىڭ، جۈملىدىن «توختاشىنىڭ تەغدىرى» ناملىق پوۋېستىنىڭ، «كۈن ۋە تۈن»، «ئاتايىت» رومانلىرىنىڭ، «يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلغان ئۇيغۇر قىزلىرى» ناملىق ئېپوپېيىنىڭ، ئۇيغۇرلۇقنىڭ ئوچېرك، ماقالىلارنىڭ مۇئەللىپى. ئۇ، رۇس ۋە شەرق يازغۇچىلىرىنىڭ كوپلىگەن ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. بىز يازغۇچىنىڭ «كۈن ۋە تۈن» رومانىدىن پارچە ئېلان قىلدۇق.



سۈرەتتە: يازغۇچى مەشۇر روزىيېۋ.

باھار. ئەتراپ ئالا‑ يېشىل لىباسقا ئورالغان. قىشلىق ماكانلىرىدىن يانغان قۇشلار سامادا قانات قېقىپ، بوستان ۋە قىزىلجىيا باغلاردا شوق سايراشماقتا. سامادا ئۇزۇپ ژۈرگەن بۇلۇتلار تيان‑ شاننىڭ چوققىلىرىغا خۇددى تاجى كەبى ئورناشقان.

ئىلگەركى قۇرۋان پاينىڭ باراقسان بېغىدا ئىنقىلاپ غالىبىيىتىدىن ئۈچ كۈن كېيىن تەنتەنە تويى ئوتمەكچى ئىدى.

باھار گۇللىرى، مېۋە‑چېۋىلەرنىڭ تۇماندەك چېچەكلىرى ئەتراپقا خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ.

‑بولۇڭلار، چاپسان، چاپسان! بولۇس بېغىدا چوڭ توي‑تاماشە بولىدۇ. سەپكە تىزىلىڭلار!

‑نېمە تويىكەن؟

‑يېڭى توي! ئىنقىلاپ تويى! ئىنقىلاپ تويى!

‑ئالامەت سەيلە‑ تاماشە بولىدىكەندە! زىياپىتى قانداق بولار؟

‑ئاش‑ سۇ، خەقنىڭ ئېغىز‑ بۇرنىدىن ئاشقىدەك.

‑بەيگە، ئوغلاقلارمۇ بولار؟‑ دېدى ئوغلاق دېسە ئولۇپ بېرىدىغان بىرسى يېڭىنى تۇرۇپ.

ئۇ ئويۇنلار ئەتىككە بولغىدەك، ئېتىڭنى ئۇبدان يارات!

ئادەملەر كونا‑ يالغان بولسىمۇ، پاكىزە ژۇيۇلغان كىيىملەر بىلەن كوچىلارغا چىققان. بەزىلىرىنىڭ قولاقلىرىدا، بەزىلىرىنىڭ مەيدىلىرىدە، بەزىلىرىنىڭ قوللىرىدا گۇللەر. سەپ‑ سەپ بولۇپ تىزىلغان. باشقا يېزىلاردىنمۇ ئورغۇنلىغان ئادەملەر كېلىپ سەپلەرگە تىزىلماقتا ئىدى. ئالدىنقى سەپتە قۇتلۇقچىلار، شەھەردىن كەلگەن مېھمانلار تىزىلغان.

بىر مۇنچە سەپلەردە: «ياشىسۇن ئىنقىلاپ!»، «يوقالسۇن زالىملار!» دېگەن شىئارلار يېزىلغان قىزىل لاتىلارنى، قەغەزلەرنى يېيىپ، تاياقلارغا بەكىتىپ كوتىرىشىۋالغان. ھەممىنىڭ چىرايلىرىدا خۇش تەبەسسۇم ئوينايدۇ.

باغنىڭ ئىچىگە بىر پەستىلا مىڭ‑مىڭلا ئادەم توشۇپ كەتتى. بىرلىرى ھاشىم كالتە چاپان بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشمەكتە. ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن مېھمانلار بىلەنمۇ قىزغىن كورۇشۇپ، خوش مۇئامىلە ۋە مېھمان دوستلۇق كورسەتمەكتە. ھەر چاي‑ ھەر جايىدا كىگىز ۋە زىلچە‑ گىلەملەر سېلىنغان. ئۇلاردا قېرىلار بىر بولەك، ياشلار بىر بولەك دوزە قۇرۇشۇپ ئولتۇرىشتى. قىزىق پاراڭ، چاقچاق، كۇلكە باشلىنىپ كەتتى. باغنىڭ بىر چېتىدە دەرەقلەر سايىسىدا نالاھەدە ئوز ئالدىغا ئۇ يەر‑ بۇ يەردە چورەدىشىپ ئولتارغان خوتۇن‑ قىزلارنىڭ ۋاراڭ‑ چۇرۇڭى ئاڭلىناتتى. بىر چەتتىكى دورىنىڭ ئارىسىدا شەھەردىن كەلگەن مېھمانلار بەدەشقالىنى قۇرۇپ ئولتىرىپ، چاقچاق ۋە كۈلكىگە قاتنىشىماقتا ئىدى. چوڭ شىپاڭدىكى ئەگمە بۇكۇلۇكتە يېزا‑ يېزىلاردىن كەلگەن داڭلىق سازەندىلەر، ناخشىچى ۋە غەزەلچىلەر چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى تەڭشەشكە تەييارلىماقتا. باغنىڭ بىر چېتىدىكى تامغا يولىنىپ سېلىنغان قاتار ئوچاقلارغا ئېسىلغان يوغان قازانلاردا غىزا تەييارلانماقتا. ھويلىدىكى ئۇزۇنغا ياغلىق ئوغاچ، سامسا يېقىلماقتا، كاۋاپدانلاردا پىشىۋاتقان كاۋاپلارنىڭ پۇرىقى ئېغىزلاردىن قارا سۇ كەلتۇرمەكتە. بىر چەتتە شوتېپار بايلار ئاتلارغا ئارتىپ ئەپكەلگەن ساباللاردىن قىمىز سورۇلماقتا.

شۇ ئارىدا ناغرىلار چېلىندى، بەزمە تاماشىلىرى باشلاندى. ساز ۋە ناخشا ياڭرىدى. دورىلەر ئوتتۇرىلىرىدا ئۇسسۇلچىلار چاقچەلەك بولۇشۇپ، تاماشىبىنلارنى شاتلاندۇرماقتا. ئۇلارنىڭ نازۇك ۋە نەپىس بەزمىسى ھەممىنى قايىل قىلماقتا. ئۇزۇنىڭ بەلەر ۋە قوللارنىڭ مەنىلىك تولغىنىشلىرى خۇشتاق ئاياللارنىمۇ، ئېراقتىن قاراپ تۇتارغان ئەركەكلەرنىمۇ مەپتۇن ئېيلىمەكتە ئىدى.

باغدىكى بەزمە يېڭى كۈچ ئېلىپ، ياشلىق‑ تىن ئوۋچ تېلىش ئوچون ۋاقتلىق ئوۋۇلدى. زىياپەت باشلاندى. چەبدەس، چاققان ژىگىتلەرنىڭ بىرلىرى قولغا سۇ ئالماقتا، بىرلىرى ئەپچىللىك بىلەن دەستىخان سالماقتا، بىرلىرى نان‑ توغاچ دەستىلەپ ۋە تونۇ سامسىسىنى دەستىخانلارغا قويماقتا، يەنە بىرلىرى چىنە‑ چوچەكلەر قويۇپ، چاي قۇيماقتا ئىدى.

بىر‑ ئىككى پىيالىدىن چاي ئىچىشكىلا ھەر بىر دورىگە چارا ۋە كورىلار بىلەن قىمىز كەلتۇرۇلۇپ قويۇلۇشقىلا، تاۋاقلارغا تىزىلغان، پۇقراپ ھورى چىقىپ، يېغى تەپچىرەپ تۇرغان مەررە كاۋاپمۇ يېتىپ كەلدى. ئارىدا ئون مىنۇت ئوتمەيلا، ئىسسىق توغاچ بىلەن قورداق قويۇلدى.

غىزا ئۇستىدە داۋام ئەتكەن پاراڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ تاتلىق تائاملىرى، چېۋەر ئاشپەزلەرنىڭ ماھارىتى، ساز، ناخشا، ئۇسسۇل سەنئىتى خۇسۇسىدا بولدى. مۇنداق بەزمىنى، خىلمۇ‑ خىل ۋە ئوزىگە خاس شىرىن تائاملارنى بىرىنچى كورۇپ، ئەقلى ھەيران بولغان ۋاسىلى تەسراتىنى سوزلىدى.

‑بۇ ئەجايىپ سەنئەتكار ۋە چېۋەر خەلقكەنغۇ؟!‑ مەن قايسۇ بىر سەياھەتچىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئىتىنى، مېھماندوستلۇغىنى تەرىپلەپ يازغان خاتىرىلىرىنى ئوقۇغان، لېكىن كورمىگەن.

‑پۇتىدا چورۇق، ئۇستىدە ئەسكى چاپان بولغان بىلەن، ئىچىدە ھونىرى تولا بىز خەخنىڭ،‑ دېدى ئۇراخۇن قازى، مەغرۇرلىنىپ، ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ،‑ كونىلار ئىلگىرى ئاتا‑ بوۋىمىزنىڭ ھەممىسىلا سازەندە بولغان، ئېتىزغا بارسا بىر ياقتىكى غانجۇغىسىغا كەتمەن، يەنە بىر ياقتىكىسىگە ساز ئەسۋاۋى باغلاغلىق ئىدى دەيدىغان.

زالىم مۇستەملىكىچىلەر مەدەنىيىتىمىزگە دەخلە يەتكۈزسىمۇ، سەنئەت ئولمەي ياشاپ كەلمەكتە.

بىرىنچى نوۋەتلىك ئاتام تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بەزمە باشلىنىپ كەتتى. ئوتكەن بەزمىدىكى ساز ۋە ناخشىلار تەكرارلانماي، يېڭى‑ يېڭى مۇقام ۋە غەزەللەرنىڭ سادالىرى باغنى ياڭراتتى. ئۇسسۇلنىڭ يېڭى‑يېڭى نەمۇنىلىرى نامايىش قىلىندى.

قۇتلۇق بىلەن سىمەتنىڭ، بارات بىلەن ئىسمايىلنىڭ بېقىشىپ، ئولتىرىپ‑ قوپۇپ ئوينىغان ئۇسۇللىرى، ئىلاخۇن بىلەن باقىنىڭ باغنى چاڭ كەلتۇرگەن ناخشىلىرى ھەممىنى قايىل ۋە مايىل قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، تاماشىچىلار بىر پەس دەم ئېلىپ، پۇتلارنى تۇزەشكە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئادەملەر باغ ئىچىدە ئەركىن سەيلە قىلىشقا باشلىدى. ناغرا، نەي توختىماي چېلىنىپ تۇردى. ھەر كىم ئوز قاياشلىرى بىلەن قىزغىن سوزلىشىپ، ئويناپ‑ كۇلۇپ ئاستا مېڭىشىپ باغنى ئارىلىماقتا ئىدى.

چۈش قىيىلغاندا، ئادەملەر ئوز ئورۇنلىرىغا تەكلىپ قىلىندى. ئەڭ ئاخىرىدا يوغان ياغاچ تاۋاقلاردا، تەخسىلەردە ئۇستىگە تاغدىن كەلگەن قېزىلار، سېمىز قوزا گوشى دوگۇلەنغان «ھەزرىتى پولۇ» ئوزنىڭ خوش پۇرىغى بىلەن، «غىزانىڭ غوجىسى مەن» دەپ، دەستىرخاندىن ئورۇن ئالدى...

توي تارىدى. ئادەملەر چوڭقۇر مەمنۇنىيەت ئىچىدە خوشۋاق ۋە روھلۇق ئىدى. تەنتەنە تويى ئۇلاردا ئۇنتۇلماس تەسرات قالدۇردى.

قاراڭغۇلۇق تۈن ئورنىدا، مەڭگۈلۈك كۈن چىقتى...

تۇرسۇن قاھھارى.

يەر ئۆغلىمەن

مەن چوققىغا چىقتىم،
ئاستىمدا بۇلۇت،
ئاستىمدا قارغايلىق، يايلاق، ئارچىزار.
تاغلارغا كوز بولمىش ئۇ مەغرۇر بۇركۇت.
تەلمۇرۇپ پەستىكى جىراغا باقار.

مەن چوققىدىن كوردۇم:
پەستە، ژىراقتا.
ئەينە كىتەك يالتىراپ كومۇچ بەلۋاغلار.
ھە، ئۇندا يېشىللىق‑ چىرايلىق گىلەم،
ئادەملەر ياشىغان، باغلار.

مېنىڭ قەدىمىمدىن سىرىلغان تاشلار
پەستىكە ئىنتىلىدۇ، ئۇچىدۇ ياردىن.
ھاۋا پەستىكە ئاقار، سۇ ئاقار پەستىكە،
خوشلىشىپ تاغدىكى مەڭگۈلۈك قاردىن.

بۇندا ھەممە نەرسە پەستىكە ئىنتىلەر،
ۋە ھەتتا ژىقىلغان چوققا، قىيا تاش‑
پەستىكە ژومۇلايدۇ،
ئاققان يۇلتۇزلار،
يەرگە ئىنتىلىدۇ ئاي بىلەن قۇياش.

مەن يەر ئوغلىمەن، مابادا مەنمۇ
تاغ بولسام، ئۇر بولسام،
سۇ بولسام ئەگەر،
يەرگە ئىنتىلاتتىم، چۈنكى تەڭداشسىز
گۇزەل ۋە سېخىرلىق ئىنسان بىلەن يەر.

Онинчи дәрис

ئۈزۈك گ ، غ ھەرپلىرىنىڭ يېزىلىشى

Үзүк г, ғ һәриплириниң йезилиши.

Yzyk g. ƣ həriplirinin jezilişi.

ئۇيغۇر تىلىدا گ ھەرپى ئىنچىكە بوغۇملۇق سوزلەردە، شۇنداقلا چەتتىن كىرگەن سوزلەرنىڭ ئاخىرىدا يېزىلىدۇ: گۈل، ئۇلگە، خىرۇرگ.

غ ھەرپى پەقەت قېلىن بوغۇملۇق سوزلەردىلا يېزىلىدۇ: قوغۇن، غورا، قارغا.

Уйғур тилида г һәрипи инчикә боғумлуқ сөзләрдә, шундақла чәттин киргән сөзләрниң ахирида йезилиду: гүл, үлгә, хирург.

Ғ һәрипи пәқәт қелин боғумлуқ сөзләрдила йезилиду: қоғун, ғора, қарға.

Ujƣur tilida g həripi inçikə boƣumluq səzlərdə, şundaqla çəttin kirgən səzlərniŋ axirida jeziliԁu: gyl, ylgə, xirurg.

Ƣ həripi pəqət qelin boƣumluq səzlərdila jezilidu: qoƣun, ƣora, qarƣa.

كوپ چېكىتلەر ئورنىغا تېگىشلىك ھەرپلەرنى قويۇپ يېزىپ چىقىڭلار:

1. ئاياق ژۇ...رىگى ‑ ئاشقا، تىل ژۇ...رىگى ‑ باشقا.
2. ئوز ژۇرىگىڭگە سى...مىغان سوز، ئوزگىنىڭ ژۇرىگىگە سى...ماس.
3. ئايالىق روز...ار گۈلدۈر، ئايالسىز روز...ار چولدۈر.

Көп чекитләр орниға тегишлик һәрипләрни қоюп йезиңлар:

1. Аяқ жү...риги‑ашқа, тил жүгри...и‑башқа.
2. Өз жүригиңгә си...миған сөз, өзгиниң жүригигә си...мас.
3. Аяллиқ роз...ар гүлдүр, аялсиз роз...ар чөлдүр.

Køp cekitlər orniƣa tegişlik həriplərni qojup jeziŋlar:

1. Ajaq ƶy...rigi‑aşqa, til ƶy...rigi‑başqa.
2. Øz ƶyrigiŋgə si...miƣan søz, øzginiŋ ƶyrigigə si...mas.
3. Ajalliq roz...ar gyldur, ajalsiz roz...ar cøldur.

تەھرىر ھەيئىتى.

تەھرىراتنىڭ ئادرېسى: 480091، ئالمۇتا شەھىرى، فۇرمانوۋ كوچىسى، 88. تېلېفونلار: 85‑43‑62، 82‑60‑62. گېزىت‑ژۇرنال نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. ئىندېكس 72877